## 82012 ـ ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغانلىق توغرىسىدا

### سۇئال

مەن ئىككى كۈن بۇرۇن ئايالىم بىلەن ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارغان ئىدىم، ئايروپىلاندا ئىھرامغا كىرىشنى نىيەت قىلدۇق، مەككىگە يىتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇك ـ تاقىلارنى قويۇپ قويۇش ئۈچۈن ياتاققا باردۇق، مېھمانخانىغا كەلگەندىن كېيىن ئايالىم ئۆزىنىڭ ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، ئۇنىڭغا پىدىيە كېلەمدۇ؟ قانچىلىك مىقداردا كېلىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئايلىق ئادەت ئايال كىشىنى ھەج ـ ئۆمرىگە ئىھرام كىيىشتىن چەكلەپ قويمايدۇ، لېكىن پاك بولۇشتىن ئىلگىرى كەبىنى تاۋاپ قىلىشى چەكلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا ھەجگە كەلگەندە مەككىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: هاجىلار قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىڭ، لېكىن پاك بولمىغىچە كەبىنى تاۋاپ قىلماڭ دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

بۇخارىدا بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلغان، بۇ ئىھرام كىيگەن ئايال تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالسا پاك بولغانغا قەدەر كەبىنى تاۋاپ قىلمايدۇ ۋە ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدىمۇ سەئى قىلمايدۇ دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن، ئايالىڭىز پاك بولغىچە ساقلاپ، پاك بولغاندىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىپ، چېچىنى قىسقارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆمرە پائالىيىتى تامام بولىدۇ. ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھېچ قانداق پىدىيە كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئىھرام كىيىپ بولغان. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئىلىش ئۈچۈن 40608 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.